دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى زاتلار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ياپالمايدۇ ——

# تېخىمۇ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمىز

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى زاتلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»دە ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، ھەق - ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، بۇ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشتەك ئوچۇقتىن - ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىش. يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ياپالمايدۇ، ھازىر شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، مەدەنىيەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ تۆھمەت قىلىشى، قارا چاپلىشىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى ئىنكاس.

## ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كۆزىنى ئېچىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ

«بىزنىڭ ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن بەكمۇ سوراپ باققۇمىز بار، سىلەر شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟» شىنجاڭ سىركىچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى رەنا يۈسۈپ مۇنداق دېدى: «ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى ئېغىر دەپسەندە قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇنىڭ يېزا - كەنتلىرىگە باردىم، قاتار - قاتار ئەمىن ئۆيلەر رەتلىك سېلىنىپتۇ، ھەر مىللەت ئامما ئىناق، ئىتتىپاق بولۇپ، خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ».

«شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى ھەممىگە ئايان —— ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىگەن پاكىتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ شىددەتلىك تەرەققىيات سانلىق مەلۇماتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىھرىدىكى تەبەسسۇمدىن تېخىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ئۈنۈمى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلىك قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى، شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، كەلسە - كەلمەس ئەيىبلەپ، جېنىنىڭ بارىچە قارا چاپلىدى» دېدى «شىنجاڭ سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئۆمەر ئىمىن غەزەپلەنگەن ھالدا.

«ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كۆزىنى ئېچىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، پاكىتنى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ، پەقەت بىر تەرەپنىڭ يالغان گەپ ۋە تۆھمەتلىرىنىلا ئاڭلاپ ئىشىنىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىدۇ، نىيىتى ئىنتايىن يامان» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس قادىلبېك قاقان.

## شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

«شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن رەئىسى ئەلجان مەمەت مۇنداق دېدى: شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توستى، بۇ، كەڭ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق.

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ باشلىقى گۈلجەننەت ئىسمائىل كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بۇزۆھرە روزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىدى. بۇزۆھرە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن كەشتە تىكىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، قولدا كەشتە تىكىش كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى 30دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. «بۇزۆھرەنىڭكىگە ئوخشاش بۇنداق ھېكايىلەر يەنە ناھايىتى كۆپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆگەنگەن ماھارىتىنى ئىشلىتىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى» دېدى گۈلجەننەت ئىسمائىل.

## ئەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز

جۇڭگو ئەلئارا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەلئارا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ما شيۈفۇ مۇنداق دېدى: «پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىدى، بۇ، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت».

ئەلجان مەمەت مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھېچقانداق كۈچ توسۇۋالالمايدۇ!»

«ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل سۇيىقەستى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ، 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى بىر نىيەتتە تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشساقلا، گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇپ چىقالايمىز!» ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس جاڭ شىنشېڭ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئەستە قولغا كەلگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ھەسسىلەپ قەدىرلەش، تاشقى كۈچلەرنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقى كېرەك».

(مۇخبىرلىرىمىز ما جيەنلۇڭ، گاۋ فاڭ يازغان)

# پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

نۆۋەتتىكى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلپى، سىياسەت يۆنىلىشى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چوڭ ۋەزىيەتتە شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

2019 - يىلى، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئاساس سېلىندى.

كېلەر يىلى ئالاھىدە ھەم ئاچقۇچلۇق يىل، ھەم «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىغا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى تاماملاشقا يۈزلىنىمىز، ھەم «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىغا، «ئىككىنچى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ باشلىنىش قەدىمىگە يۈزلىنىمىز، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ۋەزىپە مۈشكۈل، مەسئۇلىيەت مۇھىم، زور. پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىمغا كەلگەندە دولقۇن تېخىمۇ جىددىي بولىدۇ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە دىققەتنى ئاساسلىق ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېلەر يىللىق خىزمەتتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇقىم بولۇشنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، پائال، پۇختا بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئالاقىدار خاراكتېرى بېكىتىلگەن، مىقدارى بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچلەرگە سېلىشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا قارىتا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سېلىنمىنى زورايتىپ، ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

نىشان ئايدىڭلاشتى، بۇرغا چېلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار ئالىيجاناب تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

☐ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ئالىمجان قۇربان

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، رەزىل مەقسىتىگە يېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى ھەرگىز قوشۇلمايدۇ.

1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدىدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھازىر، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى كۆرۈشنى خالىماي، جېنىنىڭ بارىچە قارا چاپلىدى، كەلسە - كەلمەس ئەيىبلىدى. ھالبۇكى، ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ؛ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقدار مەسىلىلەرنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، شۇنداقلا ئاخىرقى ھېسابتا تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى، دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك. جۇڭگو قانۇنچىل دۆلەت، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن؛ شىنجاڭ مۇلازىمەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دىنىي بىلىملەرگە ئېرىشىش يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى، ئېتىقاد ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى. كونكرېت سانلىق مەلۇماتلار ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە: شىنجاڭدا ھازىر 20 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت، 29 مىڭدىن ئارتۇق ئىسلام دىنى خادىمى بار، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاست - شەھەر، ناھىيە - شەھەر - رايونلاردا ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن جەمئىي 103ى بار، ئىسلام دىنى شۆبىۋەنى ھەم قەشقەر، خوتەن ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى سەككىز شۆبە شۆبىۋەن ۋە شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن ئىبارەت جەمئىي ئون دىنىي مەكتەپ قۇرۇلدى، ھەر يىلى مەلۇم ساندا تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەكتەپ باشقۇرۇش كۆلىمى 3000دىن ئارتۇق ئادەمگە يەتتى، نۆۋەتتە مەكتەپتە 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ھەر يىلى ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىنىپ، مۇسۇلمان ئامما سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا تەشكىللەندى، ھۆكۈمەت ھەج قىلغۇچىلارنىڭ داۋالىنىش، تەرجىمە قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەردى ھەم ئۈممەككە ئەگىشىپ مۇلازىمەت قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەج پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدىكى 50 مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئامما سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلدى. بىز پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاشلا سىياسىي، ئىقتىسادىي، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدى، ھېچقانداق پۇقرا دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن كەمسىتىلگىنى يوق ياكى ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنى يوق.

ھۆكۈمەت دىنىي خادىملارنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارغا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى، كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخمە سۇغۇرتىسىنى ھەقسىز ئېلىپ بەردى، ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتناشتۇردى، ھەر ئايدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقاتتى، شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى شەھەر - يېزا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈپ، قوغداپ، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، دىنلارنىڭ ئىجىللىقى، ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭدا 112 دىنىي تەشكىلات بار، 1400دىن ئارتۇق دىنىي زات ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەشلەردە ۋەكىل، ئەزا بولماقتا.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ دىن مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالماقچى بولۇشى پۈتۈنلەي ئەخمىقانە خام خىيال. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق - ئىجىللىقى، دىنلارنىڭ ئىناق - رايىشلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تىنچ - خاتىرجەملىكى دەل ئامېرىكا تەرەپنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ۋە يامان غەرەزدە تۆھمەت قىلىشىغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ! مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)